پىچانلىق دېھقان ۋاستىچى يۈنۈس نىياز:

# ئاغرىنىدىغان ۋاقىتنى كۈرەش قىلىشقا سەرپ قىلايلى

بىرىنچى سەپتىكى سىمالار

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ رۇيلىن

5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى سائەت 9دا، پىچان ناھىيەسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى سىركىپ كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى يۈنۈس نىياز شۇ كۈندىكى ئىشلەمچى خادىملارنى بەلگىلەنگەن جايغا ئاپىرىپ قويۇپ، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، قوي قوتىنىنى يىغىشتۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى.

«مەن مۇشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئالدى بىلەن قويلارغا يەم بېرىۋېتىپ، بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ قايتىپ كېلىمەن.» يۈنۈس مۇنداق دېدى: «مۇشۇ يىللاردا، مەن ھۆكۈمەتنىڭ ناھايىتى كۆپ ياردىمىگە ئېرىشتىم. ھازىر مەن ئەمگەك مۇلازىمىتى ۋاستىچىسلىك رولۇمنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئۇلار بىلەن بىللە بېيىيمەن».

## ياخشى تۇرمۇش ئىشلەشتىن كېلىدۇ

«بۇ يىل 3 - ئايدىن باشلاپ مەن كەنت ئاھالىلىرىگە ياردەملىشىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشنى ئالاقىلىشىپ بەردىم، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە ئىشلەمچىلىك قىلىشقا بارىدىغان ئون نەچچە ئادەمنى ئاپىرىپ قويىمەن، ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر كۈندە 60 ئادەمنى ئاپىرىپ قويدۇم» دېدى يۈنۈس.

بۈگۈنكى كۈندە، يۈنۈس كەنتتىكى نامى بار ئەمگەك مۇلازىمىتى ۋاستىچىسى بولۇپ، ناھايىتى كۆپ كەنت ئاھالىلىرى ئۇنىڭ ياردىمىدە نامراتلىق بىلەن خوشلاشتى. لېكىن يۈنۈسلا ئۆزىنىڭ قانچىلىك جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق ھازىرقى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكىنى بىلىدۇ.

يۈنۈسنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، ئون يىل ئىلگىرى تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن بىر مەيدان قاتناش ۋەقەسى ئۇنىڭ ئائىلىسىنى يۈز نەچچە مىڭ يۈەن قەرزگە بوغۇپ قويۇپ، نامرات ئائىلىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان.

«كەنت ئائىلىمىزنى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەر قاتارىغا كىرگۈزدى، مەن كەنت كادىرىنى ئىزدىدىم، نامراتلىق 〈قالپىقى〉نى كىيگۈم يوق ئىدى، ئۆزۈم قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلالايمەن دەپ ھېس قىلاتتىم.» يۈنۈس ئائىلىسىدىكى ئاران بىر مودىن كۆپرەك ئۈزۈمەلىكنى ئۆبوروت قىلىپ، خوتۇنى بىلەن ئىشلەمچىلىك قىلدى. كەنت كادىرلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ياردەم بېرىپ



6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يۈنۈس نىياز كەنت ئاھالىلىرىنى باشلاپ ئىش ئورنىدا ئىشلەمچىلىك قىلماقتا. □سۈرەتنى ئۆزى تەمىنلىگەن

ئەقىل كۆرسەتتى.

2014 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، يۈنۈس قەرز ئېلىپ بىر يۈك ئاپتوموبىلى سېتىۋېلىپ، پارچە - پۇرات ئىش قىلغاندىن سىرت، ھەر يىلى يازدا ئۆزى يېقىن ئەتراپتىكى قوغۇنچى دېھقانلارنىڭ يېرىدىكى قوغۇنلارنى يىغىپ ئاپىرىپ ساتتى، قىشتا ئۈرۈمچى بىلەن پىچان ئارىلىقىدا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى توشۇدى.

«نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئىرادىمىز بولسىلا، ئەمگەكچان ئىككى قولىمىزغا تايانساق، تۇرمۇشىمىز چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.» يۈنۈس باشتىن - ئاخىر مۇشۇنداق قەتئىي ئوينى كۆڭلىگە پۈكتى.

## ئەمگەك مۇلازىمىتى ۋاستىچىسىغا ئايلىنىش

قىزى سەفىيە يۈنۈسنىڭ نەزەرىدە، ئاتىسى ئاق كۆڭۈل ھەم قەيسەر ئادەم بولۇپ، تۇرمۇشتىن ئەزەلدىن ئاغرىنىپ باقمىدى، قوشنىلار، دوستلارنىڭ قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسە ھامان ياردەم قولىنى سۇناتتى، يەنە ئۇلارغا ئاغرىنىدىغان ۋاقىتنى تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا ئىشلىتىشكە نەسىھەت قىلاتتى. «ئاتام ھەمىشە باشقىلارغا ياردەم قىلغانلىق ئۆزىگە ياردەم قىلغانلىق دەيدۇ» دېدى سەفىيە.

ئۈمىدۋار، دوستانە مىجەز يۈنۈسنى ناھايىتى كۆپ دوستقا ئېرىشتۈردى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا يېڭى بېيىش پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى. بىر قېتىم سىرتقا چىقىپ پاختا تەرگەندە، يۈنۈس يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى كېۋەز تېرىقچىلىق چوڭ ئائىلىسى بىلەن تونۇشۇپ قالدى، قارشى تەرەپ يۈنۈسنىڭ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئىشلەمچى خادىم تېپىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى.

يۈنۈس ئەمگەك مۇلازىمىتى ۋاستىچىسى بولۇشنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، بىركۈن بۇرۇن ئىشلەمچى خادىملارنى ئۇدۇللاشتۇرغاندىن كېيىن، ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 6 - 5لەردە ئۆزىنىڭ ئاپتوموبىلى بىلەن خادىملارنى بەلگىلەنگەن ئىشلەمچىلىك قىلىدىغان ئورۇنغا ئاپىرىپ قويۇپ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بەلگىلىك ھەققە ئېرىشتى.

يۈنۈس پىچان ناھىيەسى ئۇيۇشتۇرغان ئەمگەك مۇلازىمىتى ۋاستىچىلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسىغا تىزىملىتىپ قاتنىشىپ، ئەمگەك مۇلازىمىتى ۋاستىچىسلىك سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەمچىلىك قىلىش ئېھتىياجىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، يۈنۈس تەشەببۇسكار بولۇپ كەنت ئاھالىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئۇ تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر ۋە نامرات ئائىلىلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، ئادەم ئىشلىتىش ئېھتىياجى بولسىلا، ئالدى بىلەن بۇ ئائىلىلەر بىلەن ئالاقىلەشتى. بارا - بارا يۈنۈسنىڭ نامى چىقىپ، نۇرغۇن تېرىقچىلىق چوڭ ئائىلىلىرى ۋە نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن ئۇدۇللىشىدىغان بولدى.

## تىرىشماسلىققا باھانە يوق

ئەمگەك مۇلازىمىتى ۋاستىچىسىنىڭ باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ھەم يەرلىك ھۆكۈمەت كۆپ تۈرلۈك رىغبەتلەندۈرۈش، يۆلەش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. يۈنۈسنىڭ ئاكتىپلىقى تېخىمۇ ئاشتى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن كۈزلۈك يىغىمغىچە، ھەر كۈنى تېرىقچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ ئادەم ئىشلىتىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىشلەمچى خادىملارنى ماسلاشتۇرۇپ توشۇدى.

يىل بويى يۈنۈسقا ئەگىشىپ ئىشلەمچىلىك قىلىدىغان ئابدۇللا ئېزىز ئۈنى تىلغا ئېلىپ باش بارمىقىنى چىقىرىپ مۇنداق دېدى: «ئۇ بىزنىڭ باشلامچىمىز، بىزنى خىزمەت تېپىش ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلدۇردى، ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ئەگەشسەكلا پۇل تاپالايمىز، ئائىلىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغىمۇ دەخلى يەتمەيدۇ. ھازىر مەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇم، مەن ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن».

2016 - يىلى، يۈنۈسنىڭ ئائىلىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىغا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىلتىماسى سۇنۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى ھەم شۇ يىلى «مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتى» بويىچە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش مۇكاپاتى شەرەپلىك نامىغا ئېرىشتى.

بۇ ئالاھىدە شەرەپ ئالدىدا، يۈنۈس مۇنداق دېدى: «مەن ھېچ ئىش قىلمىدىم، پەقەت ئۆزۈم نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندا بىر قىسىم كەنت ئاھالىلىرىگە ياردەم بېرىشنى ئويلىدىم. دۆلەتنىڭ سىياستى ياخشى، بىزنىڭ تىرىشماسلىققا باھانىمىز يوق. مەن كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىللە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن».

### نامراتلارنى يۆلەش تەسىراتى

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا بولغان ئىشەنچ ۋە تىرىشىپ ئىشلەيدىغان ھەردىكەت بولسىلا، چوقۇم نامراتلىقتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ. پارتىيە ۋە دۆلەت بەرگەن ياخشى سىياسەتلەر بىزنى ئىككى قولىمىزغا تايىنىپ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر.

ھازىر كەنتتىكى تۈرلۈك كەسىپلەر ناھايىتى ياخشى تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، گۈزەل يېزا - كەنت قۇرۇلۇشى ھەممە ئادەمنىڭ قاتنىشىشىغا موھتاج. ئەمگەك مۇلازىمىتى ۋاستىچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن كەنت ئاھالىلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى تەشكىللەپ، ئادەم ئىشلىتىدىغان مۇئامىلدارلار بىلەن پائال ئالاقىلىشىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولىمەن، كۆپچىلىك ئورتاق تىرىشسىلا، بىز چوقۇم ئەمگەكچان ئىككى قولىمىز بىلەن بەختلىك تۇرمۇش يارىتالايمىز.

— يۈنۈس نىياز

(بېشى 1 - بەتتە)

بىر تۈركۈم توردا سېتىلىدىغان يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى سۈپەتلىك ماركىسى، بىر يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئېلېكترونلۇق سودا ئوبوروت تورى، بىر يۈرۈش ئېقىم مىقدارىنى سېتىش مىقدارىغا ئايلاندۇرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش مېخانىزمى، بىر تۈركۈم يەرلىكتىكى ئېلېكترونلۇق سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېڭىچە دېھقانلار ۋە ئېلېكترونلۇق سودا بازىرى سۇبيېكتلىرى»دىن ئىبارەت ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش چوڭ ئەندىزىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرگەن. ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇسقا 240 مىڭ 700 ئادەم قېتىم مۇلازىمەت قىلغان، 65 مىڭ 800 ئادەم قېتىم تەربىيەلىگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى يەنە ئائىلە مۇلازىمىتى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، «ئالاقە تورى+ئائىلە مۇلازىمىتى+كۈتۈنۈش+مۇلۈك باشقۇرۇش+مەھەللە خىزمىتى+مۇھت تازىلىقى+تەربىيەلەش+N» مۇلازىمەت كەسپى تەرەققىيات ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سودا مىنىستىرلىقىنىڭ «100 شەھەر، 10 مىڭ كەنت» ئائىلە مۇلازىمىتى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش كارخانىسىدىن ئوننى يېتىشتۈرگەن، ئائىلە مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 10 مىڭدىن ئېشىپ، كىشى بېشى ئايلىق كىرىمى 3500 يۈەندىن كۆپرەككە يېتىپ، «بىر ئادەم ئائىلە مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللانسا، پۈتۈن ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش»تەك كىچىك پىشاڭ ئارقىلىق چوڭ ئېففېكت يارىتىشنى ئىشقا ئاشۇرغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى كۆرگەزمە سۈپىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، «شىركەت+دېھقان ئائىلىسى» «ئالاقە تورى+يېزا ئىگىلىكى»نىڭ تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ نامرات رايونلار بىلەن ئۆزئارا قېچە مۇقىم ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىغا تۈرتكە بولغان؛ «سودا ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش+جەمئىيەت+ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش سۈپىسى» يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروت كەسىپ ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىككى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش (شىنجاڭ) پائالىيىتى قاتارلىقلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ ياڭاق، چىلان قاتارلىق كۆپ مىقدارلىق مەھسۇلاتلار سودا بازىرىنىڭ شەكىللىنىشنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى يەنە چېگرا سودىسى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پارچە سېتىش ئىمپورت سىناق نۇقتىسى ۋە دۆلەتنىڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئۇنىۋېرسال سىناق رايونىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرىشىگە تۈرتكە بولغان، تەرەققىيات رايونى، ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايون، ھالقىما ھەمكارلىق رايونى، چېگرا ھەمكارلىق رايونى ۋەكىللىكىدىكى شىنجاڭنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش سۈپىسى دەسلەپكى قەدەمدە كۆلەملەشكەن.

## ئالدىنقى بەش ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار كرېدىتىنىڭ ئېشىشى كۈچلۈك بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇنىڭ ئىچىدە تارقىتىلغان ئورۇنلار تۈراقلىق مۈلۈك قەرز پۇلىنىڭ جەمئىي سوممىسى 103 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك سېلىنما تۈرلىرىنىڭ ئىش باشلاپ ئالغا سىلجىتىلىشىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلغان.

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزي تارماق بانكىسى پۇل سىياستى قوراللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى «تارقىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇش»قا يېتەكلەپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۇنۇمنى ئاشۇرۇشىغا پائال كۈچ قوشتى. 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى پۈتۈن شىنجاڭدىكى 16 مىڭ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىغا جەمئىي 119 مىليارد 300 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى، بۇ، تارقىتىلغان كرېدىت ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 43%ىنى ئىگىلىدى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 406 مىليارد 60 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 32.4% ئاشتى، بۇ، ئوخشاش مەزگىلدىكى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن 21.2 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولدى. كرېدىت تارقىتىش دائىرىسىنى زورايتىش بىلەن بىللە، جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزي تارماق بانكىسى يەنە ھەرقايسى بانكا ئاپپاراتلىرىنى قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتىنى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىتىشكە يېتەكلىدى. 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە، كارخانىلارغا يېڭىدىن تارقىتىلغان قەرز پۇلنىڭ ۋەزنىلىك ئوتتۇرىچە ئۆسۈم نىسبىتى 4.77% بولدى، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدە كارخانىلارغا يېڭىدىن تارقىتىلغان قەرز پۇلنىڭ ۋەزنىلىك ئوتتۇرىچە ئۆسۈم نىسبىتى 5.13% بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 36 ئاساسي نۇقتا تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل تەننەرخى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 79 ئاساسي نۇقتا تۆۋەنلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۇل مۇئامىلە بايلىقىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۆچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا ئۈزلۈكسىز مايىللىشىپ توپلىنىشىغا تۈرتكە بولۇنۇپ، شۇ جاينىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، خاس كەسىپلىرى ۋە خەلق تۇرمۇشى ساھەسىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 254 مىليارد 20 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 15.3% ئېشىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن 4.1 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە خوتەننىڭ 25.7% ئېشىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى.

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، بۇ نۆۋەتلىك گۋاڭجوۋ سودا يەرمەنكىسى شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، توردا ئۆتكۈزۈشكە ئۆزگەرتىلدى، ئۆتكۈزۈلۈش ۋاقتى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە. بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىزدىن جەمئىي 146 كارخانا 235 كۆرگەزمە ئورنى ئىلتىماس قىلدى، كۆرگەزمىگە قاتناشقان كارخانىلارنىڭ سانى ئالدىنقى نۆۋەتلىك گۋاڭجوۋ سودا يەرمەنكىسىدىكىدىن 18% ئاشتى، كۆرگەزمە ئورنى سانى 10% ئاشتى.

بۇ نۆۋەتلىك توردىكى گۋاڭجوۋ سودا يەرمەنكىسى ئاساسلىقى توردا كۆرگەزمە قىلىپ ئۇدۇللاشتۇرۇش سۈپىسى، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا مەخسۇس رايونى، بىۋاستە كۆرسىتىش ماركېتىنىڭ مۇلازىمىتى قاتارلىق ئۈچ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، 16 چوڭ تۈردىكى تاۋار بويىچە 50 كۆرگەزمە رايونى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، كۆرگەزمىگە قاتناشقان كارخانىلار سۈرەت، سىن، 3D قاتارلىق شەكىللەردە كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى تورغا چىقىرىپ، كۆپ شەكىل، كۆپ ئۆلچەمدىن سۈپەتلىك ماركا ئوبرازىنى نامايان قىلدى.

شىنجاڭ تىيانشان يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى مەخسۇس ئالىي دەرىجىلىك تىۋىت ھەم تىۋىت ئارىلاش يىپ، تىۋىت پوپايكا، ئارىلاش توقۇلما پوپايكا ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان توقۇمىچىلىق كارخانىسى. شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى مىڭ شىنلى مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى توردىكى گۋاڭجوۋ سودا يەرمەنكىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن، شىركەت بىر ئايدىن كۆپرەك تەييارلىق قىلىپ، سۈرەت، سىن تەشۋىقاتىدىن تارتىپ خادىملارنى تەربىيەلەشكىچە بولغان ھەربىر تۈرلۈك خىزمەتنى ئىمكانقەدەر ئىنچىكە ئىشلىدى. بۇ يىلقى ئۆزگىچە يەرمەنكىدىن پايدىلىنىپ، شىركەتنىڭ سېتىش يوللىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

كارخانىلارنىڭ يەرمەنكىگە قاتنىشىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى ھەرقايسى جايلاردىكى سودا تارماقلىرى، كۆرگەزمىگە قاتنىشىدىغان كارخانىلار بىلەن بولغان ئالاقە، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، يەرمەنكىگە قاتنىشىش تەرتىپى ۋە يەرمەنكە تەپسىلاتىنى ۋاقتىدا ئۇقتۇردى؛ ھەرقايسى جايلاردىكى سودا تارماقلىرى شۇ جايدىكى يەرمەنكىگە قاتنىشىدىغان كارخانىلارنىڭ يەرمەنكىدىن بۇرۇنقى مۇلازىمەت خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، يەرمەنكىگە قاتنىشىدىغان كارخانىلارنى ۋاقتىدا يەرمەنكە ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەپ، كارخانىلارنىڭ يەرمەنكىگە قاتنىشىشتىكى تۈرلۈك تەييارلىقلارنى مۇددەتتىن بۇرۇن ياخشى ئىشلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

«بۇ قېتىم گۋاڭجوۋ سودا يەرمەنكىسى ئەسلىدىكى تور سىرتىدىن تورغا يۆزلەندى، بىزمۇ ئاستا - ئاستا ئىزدىنىۋاتىمىز، بۇ تور سۈپىسى ئارقىلىق شىركەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى بوشلۇق ئېچىشنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى قەشقەر جياڭگوگو يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ ماركېتىنىڭ دىرېكتورى لىۇ شىتاۋ.